بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

14- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ شَاقُّوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَمَنْ يُشَاقِقِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ ۞ ذَلِكُمْ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابَ النَّارِ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، الله ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ [13]. (ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ [14]» (سۈرە ئەنفال 13-، 14- ئايەتلەر).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىنى ۋە پۇت-قوللىرىنى چېپىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش-ھەرىكەت ئۇلارنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر».

﴿شَاقُّوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقىدىن ئايرىلدى، الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلدى، شەيتاننىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ كەتتى».

بۇ ئايەت ھەققىدە ئىمام سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە قارشى جەڭ قىلدى ۋە ئۇ ئىككىسىگە ئاداۋەتنى ئاشكارىلىدى».

﴿وَمَنْ يُشَاقِقِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «الله ئۆزىگە قارشىلاشقان ۋە دۈشمەنلەشكەن كىشىنى مەغلۇپ قىلغۇچى زاتتۇر. الله نىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ».

﴿ذَلِكُمْ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابَ النَّارِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كاپىرلار ئۈچۈن خىتابتۇر. يەنى دۇنيادا بۇ ئازاب-ئوقۇبەتنى تېتىڭلار ھەم بىلىڭلاركى، كاپىرلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى باردۇر دېيىلمەكتە».

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سوئال: تەۋھىد (يەنى يېگانە الله قىلا ئىبادەت قىلىش) بولسا «الله تعالى غا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن رۇكۇننىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ قىسىم قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: تەۋھىد 3 تۈرلۈك بولۇپ، بۇلار: 1. تەۋھىدى رۇبۇبىيە؛ 2. تەۋھىدىل ئۇلۇھىيە؛ 3. تەۋھىدى ئەسمائۇسسىفات.

### 1. تَوْحِيْدُ الرَّبُوبِيَّة①

«تەۋھىدى رۇبۇبىيە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولسا الله تعالى نىڭ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ يەككە-يېگانە پەرۋەردىگارى، شېرىكسىز ۋە تەڭداشسىز پادىشاھى، ياراتقۇچىسى ۋە رىزىق بەرگۈچىسى ئىكەنلىكىنى؛ ئۆلمەيدىغان، ئۇخلىمايدىغان، ھەمىشە تىرىك، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زات ئىكەنلىكىنى؛ بارچە ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ مىسلىسىز ياراتقۇچىسى، ئالەمنىڭ تەدبىر قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى؛ ئالەمدىكى ئىشلارنى ۋە مەۋجۇداتلارنى تەسەررۇپ قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ھەمدە شۇنىڭغا قادىر ئىكەنلىكىنى، مۇتلەق ھۆكۈم قىلىش ۋە مۇتلەق بۇيرۇق قىلىشنىڭ الله تعالى غا خاس ئىكەنلىكىنى؛ الله تعالى نىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلغۇچى ۋە ھۆكمىگە ھېچبىر ئوبزورچى يوقلۇقىنى، ئۇ خالىغان نەرسىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، خالىمىغان نەرسىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ الله تعالى نىڭ قولى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ چاڭگىلىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باشقۇرۇش ۋە كونتروللۇقى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى جەزمىي ئەقىدە قىلىش، كامىل ئىقرار قىلىش ۋە تولۇق ئېتىراپ قىلىشتۇر؛ الله تعالى نىڭ قازايى-قەدەرىگە (ھۆكمىگە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا) ئىمان كەلتۈرۈشتۇر ۋە الله تعالى نىڭ ئۆزى تەقدىر قىلغان (ئورۇنلاشتۇرغان) ئىشلاردا ئادالەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتۇر؛ الله تعالى نىڭ ئۆز زاتىدا ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئىقرار قىلىشتۇر.

تەۋھىدى رۇبۇبىيەنىڭ خۇلاسە مەنىسى — الله تعالى نى پېئىللىرىدا (يەنى ئىش-ھەرىكەتلىرىدە) يەككىلەشتۈرۈش.

ھەقىقەتەن الله تعالى نىڭ رۇبۇبىيىتىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدە شەرئىي دەلىللەر كەلگەن بولۇپ، ئۇلۇغ قۇرئان بۇ دەلىللەرنى زىكىر قىلىش بىلەن تولغاندۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ھېچبىر سۈرە بۇ دەلىللەرنى زىكىر قىلىشتىن ياكى بۇ دەلىللەرگە ئىشارە قىلىشتىن خالىي ئەمەس.

دېمەك، تەۋھىدى رۇبۇبىيە باشقا تۈردىكى تەۋھىدلەرگە نىسبەتەن ئاساستۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» (سۈرە فاتىھە 1- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ رَبَّكُمُ اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومَ مُسَخَّرَاتٍ بِأَمْرِهِ أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ تَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾ «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله كېچە بىلەن (كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر-بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى. يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر» (سۈرە ئەئراف 54- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ فَسَوَّاهُنَّ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ «الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. الله ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر» (سۈرە بەقەرە 29- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

ئىزاھات: ① «الرَّبُوْبِيَّة» دېگەن سۆز لۇغەتتە، الله تعالى نىڭ «الرَّبُّ» دېگەن ئىسمىغا مەنسۇپ سۆزدۇر. «الرَّبُّ» دېگەن سۆز بولسا «رَبَّ، يَرُبُّ» دېگەن پېئىلنىڭ سۆز تومۇرى بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى — بىر نەرسىنى بىر ھالەتتىن تولۇق بىر ھالەتكىچە يېتىشتۈردى دېگەنلىكتۇر.

«الرَّبُّ» دېگەن مەسدەر (سۆز تومۇرى) دىن «رَبَّ، رَبًّا، رَبَّبَ» دېگەن شەكىللەردە پېئىل تۈرلىنىدۇ. «الرَّبُوْبِيَّة» دېگەن بۇ سۆزنىڭ لۇغەتتە كۆپ مەنىلىرى بار. ئۇلار: «اَلْمُرَبِّيُّ (تەربىيىچى)» ۋە «اَلْمَالِكُ (پادىشاھ)»، «اَلْمُدَبِّرُ (ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى)»، «اَلْوَالِيُ (ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى)» ۋە «اَلْمُنْعِمُ (نېئمەت بەرگۈچى)»، «اَلْمُتَمِّمُ (تولۇقلىغۇچى)»، «اَلْقَيِّمُ (باشقۇرغۇچى)». الله تعالى ھەممە نەرسىنىڭ رەببىدۇر، يەنى الله تعالى ھەممە نەرسىنىڭ پادىشاھىدۇر. بارلىق مەخلۇقاتلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش شېرىكسىز الله تعالى غا مەنسۇپتۇر ۋە الله تعالى بارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانىدۇر. بارلىق مۈلۈكلەرنىڭ ۋە بارلىق پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر. «رَبٌّ» دېگەن سۆز «إِسْمُ فَاعِلٍ» ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىنغان (يەنى «إِسْمُ فَاعِلٍ» مەنىسىدىكى) مەسدەر (سۆز تومۇرى) دۇر.

«رَبٌّ» دېگەن سۆز الله تعالى نىڭ غەيرىگە «الرَّبُّ» دەپ (يەنى ئەلىف لاملىق) ئىشلىتىلمەيدۇ، لېكىن چەكلىك بولغان «إِضَافَةٌ (نىسبەت بېرىلىش بىلەن)» ئىشلىتىلىدۇ، «رَبُّ الدَّارِ (ھويلىنىڭ ئىگىسى)» ۋە «رَبُّ الْفَرَسِ (ئاتنىڭ ئىگىسى)» دېگەنگە ئوخشاش.

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ عَائِشَةَ رَضِىَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللَّهِ ﷺ يَقُولُ فِى بَيْتِى هَذَا: «اللَّهُمَّ مَنْ وَلِىَ مِنْ أَمْرِ أُمَّتِى شَيْئًا فَشَقَّ عَلَيْهِمْ فَاشْقُقْ عَلَيْهِ وَمَنْ وَلِىَ مِنْ أَمْرِ أُمَّتِى شَيْئًا فَرَفَقَ بِهِمْ فَارْفُقْ بِهِ» (رَوَاهُ مُسْلِمٌ).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئائىشە رضي الله عنها مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېنىڭ مۇشۇ ئۆيۈمدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن قانداق بىر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا قىيىنچىلىق سالسا، ئى الله! ئۇ كىشىگە قىيىنچىلىق سالغىن؛ ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن قانداق بىر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا يۇمشاقلىق قىلسا، ئۇنىڭغا يۇمشاقلىق قىلغىن>» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس كىشىلەرگە قىيىنچىلىق سېلىشتىن توسۇشتا ئەڭ ياخشى توساقتۇر ۋە كىشىلەرگە يۇمشاقلىق قىلىشقا ئەڭ يۇقىرى قىزىقتۇرۇشتۇر».

بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر: <يۇمشاقلىقنىڭ مەنىسى — كىشىلەرگە ئارزۇ قىلغان ۋە خالىغان نەرسىسىنى كەلتۈرۈپ بېرىشتۇر> دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. يۇمشاقلىق دېگەن — الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭدۇر. كىشىلەر بىلەن يۇمشاقلىق ۋە يېقىنلاشتۇرۇش يولىدا ماڭغىن؛ كىشىلەرگە الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغان نەرسىلەردە ئېغىرچىلىق سالمىغىن؛ ئەگەر سەن كىشىلەرگە الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغان نەرسىلەردە مۇشەققەت سالساڭ، سەن ھەدىستىكى ئىككىنچى تەرەپكە كىرىپ قالىسەن. ئۇ ئىككىنچى تەرەپ بولسا الله تعالى نىڭ ساڭا ئېغىرچىلىق سېلىشقا قىلىنغان بەددۇئادۇر (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجاۋەتتۇر)، الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئەگەر بىر كىشى الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغان نەرسىلەردە كىشىلەرگە ئېغىرچىلىق سالسا، الله ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىگە، ياكى قەلبىگە، ياكى ئەھلىگە ۋەياكى ئۇندىن باشقا نەرسىلەردە ئېغىرچىلىق سالىدۇ چۈنكى ھەدىس <فاشقق عليه> يەنى <قايسى نەرسە بىلەن بولسۇن ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق سالغىن!> دەپ مۇتلەق كەلتۈرگەن. بەزىدە بەزى ئىش ئىگىلىرىگە ئېغىرچىلىق ئېغىر تۇيۇلمايدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن قىزغىنلىق بار لېكىن بۇنى ئۆزلىرى سەزمەيدۇ. بىز الله ئۇنىڭغا ھۆججەت چۈشۈرمىگەن نەرسە بىلەن ئۈممەتكە ئېغىرچىلىق چۈشۈرگەن كىشىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ دۇئاسىغا لايىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىمىز» («رياض الصالحين»نىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى).

عن جريرِ بن عبدِ اللهِ رضي الله عنه قَالَ: سَمِعْتُ رسولَ اللهِ صلى اللّٰه عليه وسلم يقولُ: «مَنْ يُحْرَمِ الرِفْقَ، يُحْرَمِ الخَيْرَ كلَّهُ» (رواه مسلم).

جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىم يۇمشاقلىقتىن مەھرۇم قالسا، بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

يەنە بىر نەقىلدە: «إِنَّ اللَّهَ رَفِيقٌ يُحِبُّ الرِّفْقَ، وَيُعْطِي عَلَى الرِّفْقِ مَا لا يُعْطِي عَلَى الْعُنْفِ، وَمَا لا يُعْطِي عَلَى مَا سِوَاهُ» (رَوَاهُ مُسْلِمٌ).

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن الله تعالى ناھايىتى يۇمشاق مۇئامىلە قىلغۇچىدۇر. يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قوپاللىققا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈپەتلەرگە بەرمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يۇمشاقلىق قىلغۇچىغا بېرىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

يەنە بىر نەقىلدە: «عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ ﷺ عَنْ النَّبِيِّ ﷺ قَالَ: <إِنَّ الرِّفْقَ لَا يَكُونُ فِي شَيْءٍ إِلَّا زَانَهُ وَلَا يُنْزَعُ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا شَانَهُ>» (رواه مسلم).

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشە رضي الله عنها دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن يۇمشاقلىق بىرەر نەرسىدە بولۇپلا قالسا، ئۇ نەرسىنى چىرايلىقلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ يۇمشاقلىق بىرەر نەرسىدىن تارتىلىپلا قالسا، ئۇنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئىمام نەۋەۋى رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسلەردە يۇمشاقلىقنىڭ پەزىلىتى، يۇمشاقلىق بىلەن ئەخلاقلىنىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە قوپاللىقنى سۆكۈش باردۇر. يۇمشاقلىق ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ سەۋەبىدۇر».

«يۇمشاقلىق قىلغۇچىغا بېرىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى — الله تعالى يۇمشاقلىق قىلغۇچىغا ئۇنىڭدىن باشقىلارغا بەرمىگەن نەرسىلەرنى بېرىدۇ. قازى ئىياز رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مەنىسى — ئۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ غەيرىگە بەرمەيدىغان تەلەپلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە مەقسەتلىرىنى ھاسىل قىلىپ بېرىدۇ».

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىن ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئى الله! ئۇ (پەيغەمبەر ﷺ نى دېمەكچى) بىزدىن سىلە-رەھىمنى ئۈزدى، بىز ئۇقمايدىغان بىر نېمىنى دىن دەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇنى ھازىرلا ھالاك قىلغىن. ئى الله! ئىككى تەرەپنىڭ قايسىمىزنىڭ ئىشى سېنىڭ دەرگاھىڭدا مەقبۇل كۆرۈلسە ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولساڭ، بۈگۈن نۇسرەت ۋە ياردىمىڭنى شۇ تەرەپكە ئاتا قىلغىن» دېدى. بۇ ھەقتە الله تعالى تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى. «(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئالىلقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز، قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر» (سۈرە ئەنفال 19- ئايەت).

## جەڭنىڭ باشلىنىشى ۋە مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇبىيىتى

مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ يەكمۇيەك مەيدانغا چۈشۈش بىلەن باشلاندى. مۇشرىكلار قوشۇنىدىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، ئۇنىڭ قېرىندىشى شەيبە ئىبنى رەبىئە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ۋەلىد ئوتتۇرىغا چىقىپ يەكمۇيەك مەيدانغا چۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەنسارىلاردىن ئۈچى مەيدانغا چۈشۈۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى كەينىگە قايتۇرۇۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ مەيدانغا چۈشۈشىنى ياخشى كۆرگەن ئىدى شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس، تۇر! ئى ھەمزە، تۇر! ئى ئەلى، تۇر!» دېدى. ھەمزە رضي الله عنه شەيبە بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەلى رضي الله عنه ۋەلىد بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس رضي الله عنه ئۇتبە بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ بىر-بىرىنى يارىلاندۇردى. ئاندىن ھەمزە ۋە ئەلى رضي الله عنهما لار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇتبەنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس رضي الله عنه نى كۆتۈرۈپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئاپاردى لېكىن ئۇ جاراھەت تەسىرىدە ئۇزۇن ئۆتمەي شەھىد بولۇپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇبەيدە رضي الله عنه ھەققىدە: «مەن سېنىڭ شەھىد ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن ئىدى.

الله تعالى نىڭ: «(مۇئمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقە پەرۋەردىگارى توغرىسىدا جېدەللەشتى (يەنى مۇئمىنلەر بىلەن كۇففارلار الله نىڭ دىنى ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ، مۇئمىنلەر الله نىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، كۇففارلار الله نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى). كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ [19]. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ [20]. ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ [21]. ھەر قاچان ئۇلار (يىتىۋاتقان) غەم-قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ، (ئۇلارغا): <كۆيدۈرگۈچى دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار> (دېيىلىدۇ) [22]. الله ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ [23]. ئۇلار ياخشى سۆزگە (يەنى كەلىمە تەۋھىدكە) ھىدايەت قىلىندى. الله نىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىندى [24]» (سۈرە ھەج 19- ئايەتتىن 24- ئايەتكىچە)

دېگەن ئايەتلىرى بۇ ئالتە كىشى ھەققىدە نازىل بولغان.

بۇ بىر مەيدان يەكمۇيەك ئېلىشىشنىڭ نەتىجىسى مۇشرىكلارغا نىسبەتەن تالاپەتلىك باشلىنىش بولدى. ئۇلار ئەڭ ياخشى ماھىر چەۋەندازلىرىدىن ۋە قابىل قوماندانلىرىدىن بولغان ئۈچ كىشىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالدى. شۇڭا ئۇلار غەزەپ ئوتىدا ياندى ۋە مۇسۇلمانلارغا كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى ئەمما مۇسۇلمانلار الله تعالى غا سېغىنىپ ياردەم ۋە مەدەت تىلەپ ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي مۇداپىئەدە تۇرۇپ، دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى.

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رەببىدىن يىلىنىپ ياردەم سورىشى

رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپنى تۈزۈپ، قوشۇننى رەتكە سېلىپ، قوماندانلىق مەركىزىگە قايتىپ، الله ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان نۇسرەتنى تىلەشكە باشلىدى ۋە ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى الله! ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى چۈشۈرۈپ بەرگىن. ئى الله! ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىڭنى سورايمەن».

ئۇرۇش قىزىپ، جەڭ قايناپ، ئۇرۇش قاينىمى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ئى الله! ئەگەر سەن بۈگۈن بۇ مۇئمىنلەر گۇرۇھىنى ھالاك قىلساڭ زېمىندا ئىبادەت قىلىنمايسەن. ئى الله! ئەگەر خالىساڭ مەڭگۈ ئىبادەت قىلىنمايسەن، زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان بىرەر كىشى قالمايدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىلتىجا قىلىۋەرگەنلىكتىن ئۈچىسىدىكى رىدامۇ چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئەبۇبەكرى رضي الله عنه رىدانى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈچىسىغا يېپىپ قويۇپ مۇنداق دېدى: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەمدى توختىغىن، الله تعالى غا قىلغان ئىلتىجايىڭ يېتەرلىك بولدى» دېدى.

الله تعالى پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەپ ۋەھيي قىلدى: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار. كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» (سۈرە ئەنفال 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە ئارقىمۇئارقا كېلىدىغان مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ ۋەھيي قىلدى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئازراق مۈگدەك باستى-دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «خۇش بىشارەت ئال ئى ئەبۇبەكرى! مانا بۇ جىبرىئىل چاڭ-توزان چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ». ئىبنى ئىسھاق نەقىل قىلغان يەنە بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇبەكرى رضي الله عنه غا: «خۇش بىشارەت ئال ئى ئەبۇ بەكرى! مانا بۇ جىبرىئىل ئېتىنى چاپتۇرغان ھالدا چاڭ-توزان چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن.

ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قوماندانلىق مەركىزىدىن ساۋۇتىنى كىيىپ چىقىپ: «مۇشرىكلار تولپى ۋەيران قىلىنىدۇ ۋە ئارقىنى قىلىپ قاچىدۇ» (سۈرە قەمەر 45- ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە بىر سىقىم شېغىل توپا ئېلىپ قۇرەيشلەرگە قاراتقان ھالدا: «الله خار قىلسۇن!» دەپ ئاتتى. شۇ كۈندە كۆز، بۇرۇن، قۇلاقلىرىغا توپا كىرمىگەن بىرەر مۇشرىك قالمىدى.

الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «الله گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (يەنى كۇفرى)نى بەربات قىلىدۇ [8]. ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله: <سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن> دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى [9]. الله سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [10]. ئۆز ۋاقتىدا الله تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۈيقۇ بېغىشلىدى؛ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (الله نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى [11]. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن سىلەر بىلەن بىللە. مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن> دەپ ۋەھيى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا چېپىڭلار [12]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، الله ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ [13]. (ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ [14]. ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار) [15]. كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [16]. (ئى مۇسۇلمانلار! بەدردە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) الله ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) الله ئاتتى. (الله نىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىيمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [17]» (سۈرە ئەنفال 8- ئايەتتىن 17- ئايەتكىچە).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئائىلىكى رېتسېپلار

## ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش

ئاۋازنىڭ پۇتۇشى بولسا گالنىڭ قۇرغاقلىقى ئېشىپ كېتىش، سىرتتىن سوغۇق ۋە زىيادە غىدىقلىغۇچىلار تەسىر قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك. ئۇ گال ئىچى قىچىشىپ قۇرۇپ تۇرۇش، بەزىدە گال قوشۇلۇپ ئاغرىش، سۆزلىگەندە ئاۋاز تولۇق چىقماي خىرقىراپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

### داۋالاش رېتسېپلىرى

1. بىر-ئىككى قوشۇق ھەسەلنى بىر ئىستاكان ئىسسىق كالا سۈتى بىلەن قوشۇپ ئىستىمال قىلسا، ئاۋاز پۇتۇپ قالغانلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاءالله).

2. تۇرۇپنى قايىنتىپ سۈيىنى چىقىرىپ، سىركە ۋە زەنجىۋىلنى ئارىلاشتۇرۇپ غار-غار قىلسا، ئاۋازنى ئاچىدۇ (إن شاءالله).

# نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان

بىر ھەمشىرىمىز

يۇرتىڭىزدىن قوغلاندى بولۇپ،
كۇنلىرىڭىز ئازابقا تولۇپ.
مىسكىن يۈرەك قىلسا نالە-زار،
سەزمەيسىزغۇ ئالەم بولدى تار،
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

ئارىسىدىن ئايرىلدى ئانا،
ئانىسىغا قانالماي بالا.
جۇدالىقتا سىلكىندى تاغمۇ،
كۆرەلمەيسىز سىز ياكى كورمۇ؟!
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

ئالىم-ئۇستاز قالدى زىنداندا،
يولىڭىزغا قاراپ پىنھاندا.
ھالىڭىزغا ئېچىنار شۇندا،
قۇتقازمايسىز سىز نىچۈن بۇندا؟
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

مۇقەددىسات كاپىر قولىدا،
نارىسىدىلەر قەتلى قىلىنسا.
غېرىبلار ھەم قىلسا مىڭ نىدا،
يۈرىسىزغۇ يەنە بىپەرۋا،
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

بومباردىمان قىلسا كاپىرلار،
چەيلىنىپ ھەر جايدا نومۇسلار.
گۆشلىرىڭىز ھەم كاۋاپ قىلىنسا،
لام-جىم دېمەي بولۇپ گاس-گاچا،
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

دوستنى دۈشمەن كۆرگىنىڭىز بار،
دۈشمەنگە خىزمەت قىلغىنىڭىز بار.
دۇنياغا باشلاپ چۆككىنىڭىز بار،
شانلىق تارىخنى سۆككىنىڭىز بار،
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىپ،
قارىنى ئاقىقا زورىغا تېڭىپ.
ياخشىنى «ئونسۇر»، «تېررورچى» بىلىپ،
سىزمۇ ئۇڭايلا ئىشىنىپ قېلىپ،
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

بىر ھەمشىرە ھىجابى ئۈچۈن،
ئۇرۇش ئاچقان ئىززىتى ئۈچۈن.
مىليون رومال تارتىلدى بۈگۈن،
ئەمما ھەركەت، چىقارمايسىز ئۈن،
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

ئەمەسمىدى ئۈممەت بىر جەسەت،
نىچۈن ئەمدى قاپلىدى ھەسەت؟!
يۈرەك پارە سەزمەيسىز پەقەت،
ئاھىمنى ئاڭلاشقا يوق سىزدە تاقەت،
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟

جىھاد قىلماي خارلىق كېتەمدۇ،
سائادەتلەر يېتىپ كېلەمدۇ،
بۈيۈك تەۋھىد ئالىي بولامدۇ؟!
بۇندا قەلب ئارام تاپامدۇ؟!
نېمە بولدى سىزگە مۇسۇلمان؟









# قان بىلەن يېزىلغان سۆزلەر

(15)

مېنىڭ بۇ يىغا-نالىلىرىمنى توغرا چۈشەنگەيسىلەر. پەيغەمبەر ﷺ گە ئۆزى بىلەن بىللە جەڭگە ئېلىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلسە: «سىلەرنى مىندۈرىدىغان ئۇلاغ تاپالمىدىم» دەپ قايتۇرغان چاغدا غەمكىن يىغلاپ قايتقان يەتتە كىشىگە قارىغاندا مەن نېمە ئىدىم. ئۇلار توغرىسىدا ئۇلۇغ اللە مۇنداق ئايەت چۈشۈرگەن: «يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىهادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن): <مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق> دېدىڭ. ئۇلار (جىهادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن هالدا قايتىشتى» (سۈرە تەۋبە 92- ئايەت).

ئائىلە-جەمەتىم شۇنداق چوڭ تۇرۇقلۇق ئۇلارغا نەزەر تاشلاپ ئۇلاردىن هايات-مامات بولۇپ يۈزدىن كۆپرەك كىشىنى ساناپ چىقتىم ئەمما بىرىمۇ شەهىد تاپالمىدىم. ئىچىمىزدە شەهىدنىڭ ئانىسى، دادىسى ياكى قېرىندىشى دېگەنلەر يوق ئىكەن. مەن ئۆزۈممۇ ئىچىدە بولغان «يەتمىش كىشىنى شاپائەت قىلالايدىغان» بىرەر شەهىدنى تاپالمىسام قانداقمۇ چۆچۈمەي!؟ قانداقمۇ ئالاقزادە بولماي!؟ مەن ئۈچۈن شاپائەتنىڭ چوڭ بىر دەرۋازىسى تاقىلىپ قالسا قەلبىم قانداقمۇ قورقۇپ قوزغالمىسۇن!؟

ئى اللە! سەندىن مېنى پەقەت ئۆز يولۇڭدا شەهىد بولغان هالدا قوبۇل قىلىپ ۋاپات تاپقۇزۇشۇڭنى تىلەيمەن.

ئى اللە! سەندىن مەن شۇنى تىلەيمەنكى، دۈشمەنلىرىڭگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاندىن يەهۇدىيلار ياكى خرىستىئانلار ئاتقان توپ ئوقى مەن تۇرغان ئۆيگە تېگىپ ئۆرۈۋەتكەن ئۆي ئاستىدا شەهىد بولۇشۇمنى، جەسىدىمنى كىشىلەر چىقىرالماي شۇ يەردە كۆمۈلۈپ، كەلگۈسى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ ئوزۇقىغا ئىنسانىي ئوغۇت بولۇپ، چوڭ بولغاندا ۋۇجۇدلىرىدا جىهاد گېنى مېۋىسىنى پەيدا قىلغۇچى قىلىشىڭنى تىلەيمەن.

بۇ خىل شەهىدلىك ئىشقىدا قانچىلىغان تەشنالار سەۋداغا چۈشكەنكى، ئۇلارنىڭ ئەس-يادى ئۇنى ئويلاش بىلەن ئۇخلاش ئالدىدا، ئويغانغاندا ئۇنى ئەسلەپ شېرىن خىيالغا چۆكىدۇ، هەتتا چۈشىدىمۇ شۇنى چۈشەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساهابىلىرىدىن بەزىسى بەرا ئىبنى مالىك رضي الله عنه نىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كەلگەندە، كېسەل ياتقان بەرا ئىبنى مالىك رضي الله عنه ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىكى ئەنسىرەش ئالامەتلىرىنى سېزىپ قېلىپ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سىلەر مېنىڭ كۆرپە ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەۋاتامسىلەر؟ ياق! اللە بىلەن قەسەمكى، پەرۋەردىگارىم مېنى شەهىدلىكتىن مەھرۇم قىلمايدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ اللە يولىدا ئۆلەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ بۇنداق قورقۇشۇمنى توغرا چۈشەنگەيسىلەر. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساهابىلىرى كۆرپىدە ئۆلۈپ كېتىشنى يامان كۆرۈپ بۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتسا، مەندەك ئاسىي، گۇناھكار قانداقمۇ ئەنسىرىمەي!؟ ئەزىز قېرىنداشلارنىڭ بەزىسى چاپلاپ قويغان مۇنۇ رەسىملەرگە نەزەر تاشلىغىنىمدا (ئەرەبچىسىدە بۇ يەردە يەهۇدىيلار ئوقىدا شەهىد بولغان ئىككى هەمشىرىمىزنىڭ قانلىق كۆرۈنۈشى بار بىر پارچە رەسىم بار ئىكەن. مەن ئۇنى چاپلىيالمىدىم — تەرجىماندىن) گويا ئۆزۈمنى ئونلىغان جاللاتلار پۇت-قولۇمنى باغلاپ ئاغزىمغا بىرنەرسە كەپلەپ قويۇپ، ئاندىن: «قارا! يەهۇدىيلار هەمشىرىلىرىڭنى قانداق ئۆلتۈرىدىكەن؟» دەۋاتقان هالەتتىكى بىر ئەسىردەك هېس قىلىپ قالدىم.

نەپسىم بىر «جاللات»، ئۇ مەيدەمدىن بېسىپ پۇختا باغلايدۇ.

گۇناهلىرىم يەنە بىر «جاللات...»

پۈتمەس ئارزۇلىرىم بىر «جاللات....»

ئەرەب تاغۇتلىرى هەم «جاللات...»

يەهۇدىيلار بىلەن ئارىمىزنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساقلار «جاللات»...

چېگرا ساقچىلىرى... ئارىمىزدىكى جاسۇسلار... مۇناپىق موللىلار... هەممىسى مەيدەمدىن ئىتتىرىۋاتقان نەرسىلەر. ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەر بولسا كرېستكە چوقۇنغۇچىلار ۋە يەهۇدىيلار بىلەن مېنىڭ ئارامنى توسۇپ تۇرۇۋاتماقتا. كرېست قۇللىرى بىلەن يەهۇدىيلاردىن ئىبارەت دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى يۇقىرىدىكى «جاللاتلار»نىڭ ئاياقلىرى ئاستىدىن يېڭىلمەس شىرنىڭ يۇلقۇنغىنىدەك تارتىپ چىقارماي بولمايدۇ. بۇنداق دەهشەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندە جەڭگە ئاتلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكمەيدىغانلار ئۆزىنىڭ مەرتلىكىگە، بەلكى ئەرلىكىگە جىنازا نامىزى ئوقۇشى لازىم بولىدۇ. توغرا! بىرىنچى قېتىم مەيداندىن قېلىپ قالغاندىلا مەرتلىكىمىزنى يوقاتقان ئىدۇق..

ئۇ هەمشىرىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدىكى ئەهۋالى شۇنداق بايانات بېرىدۇ:

ئەزىز دوستلار مۇسۇلمان قىز بولۇپ قالدىم،

هىدايەت ئىشقىدا، لىق ناتىۋان قەلبىم.

شېرىن ئارزۇلار پۈككەن قىز ئىدىم دوستلار،

ۋەهشىيلەر قولىدا كەتتى ئۇ ئار-نومۇسلار.

ئالدىلار باللىرىمنى ئاهىغا باقماي،

«ئانا!» دەپ توۋلىغان پەريادىغا باقماي.

جاهاننى قاپلىغان ئاھ! يىغا-نالىلار،

يىراقتىن ئاڭلىنار بوغۇق ئۈن-زارىلار.

مېنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭماقتا مەجبۇر،

ئاشۇ زۇلمەت قاراڭغۇ ئۆيلەرگە قانخور.

كۆكسۈمدە جان ئېپپەتلىرىم ئىڭرىماقتا،

پاكلىقىم قاقشار، ئەخلاق تېڭىرقىماقتا.

يېمەك-ئىچمەك، ياردەم، ياق! ئى مۇسۇلمانلار،

بەلكى قىساس قانىم قالدى قەدىردانلار.

شەرىپىم دەپسەندە بولدى قېنى ۋىجدان؟

قېنى ئەهلى غۇرۇر، قېنى ئەهلى ئىمان..!؟

ئى قېرىنداشلار!.. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىقىدىن قانداق قېچىپ كېتەلەيمەن!..

ئى مۇسۇلمان قېرىنداش! ئەڭ نىجىس مەخلۇقنىڭ قولىدا دەپسەندە بولۇۋاتقىنىمنى كۆرگەندە «نېمە ئىنكاستا بولدۇڭ؟» دەپ سورىسا نېمە دەيمەن؟! خۇدا ھەققى بۇنىڭ جاۋابىنى، پاكىتىنى ئاغزىمغا سېلىپ قويغان بولساڭلار! ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟!

ئى هەسەن! ئى ئەلى! ئى ئەهمەد! ئى ئەبۇ ئۆمەر! ئى مۇسۇلمانچە ئىسىم قويىۋۋالغانلار! دەپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلارغا قىيامەتتە نېمە دەيسىلەر؟!

ئۇلارغا «كەچۈرۈڭ سىڭلىم! ئايالىم ۋە باللىرىم بىلەن ئۆيدە خاتىرجەم ئارام ئېلىپ، ناشتا قىلىۋاتاتتىم» دەيمەنمۇ!؟

ئۇلارغا «اللە يولىدا مېڭىشقا تاغۇتلاردىن قورقتۇم. ئۇلارنىڭكىدە بولسا اللە تىن قورقمىدىم» دەيمەنمۇ!؟

ئۇلارغا «قورقۇنچاقلىقىمدىن پانىي دۇنيادا بىر-ئىككى كۈن ئۇزۇن تۇرۇشنى تاما قىلدىم» دەيمەنمۇ!؟

ئەزىبرايى خۇدا! قىيامەتتە مۇشۇ سوئالنىڭ جاۋابىدىن باشقا خەتەر بولمىغاندىمۇ چوقۇم بىز اللە يولىدا ئەڭ يېقىن ئايرودروم ياكى ئەڭ يېقىن چېگرا تۆمۈر توساقلىرىدىن ئۆتۈشكە ئاتلىنىشىمىز جىددى لازىم ئىدى.

ئەبۇ مۇسئەب زەرقاۋى رحمه الله نىڭ ئاۋازى تۈيغۇلىرىمىزنى زىلزىلىگە سېلىپ، قەلبلىرىمىزنى هەرىكەتكە كەلتۈرگەندە نېمىگە ئۇرۇنۇپ كۆردۇق؟ بۇ ئاۋازمۇ بىزنى تاشلاپ كەتتى. يەنە بىز هەر بىر جىهاد چاقىرىقى قىلغان دەۋەتچىگە: «ئاياللارغا ئىچ ئاغرىتىڭلار... ئاياللارنى ئويلاپ قويۇڭلار» دەپ كەلدۇق.

بۇرۇن غەززەدە بولۇشنى ئارزۇ قىلمىغان ئىدىم. بۈگۈن بۇنىڭ ئارمانلىرى مېنى «ئارمان ئۆلتۈردى، اللە هالىغا شەپقەت قىلسۇن» دەيدىغان كەيپىياتقا كەلتۈردى. تەۋهىدچىلەر ئاتىدىغان توپ ئوقى بوپقالغان بولسامچۇ! ئېتىپ بولۇپ ئارقامدىن «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەۋەتكەن بولسا، ياكى لىق پارتلاتقۇچ قاچىلانغان تاكسى بولۇپ قالغان بولسام، ئەڭ كۆپ يەهۇدىينى جەهەننەمگە تۇشۇۋەتكەن بولاتتىم ۋە ياكى ئايالى بىلەن خوشلىشىپ ئانىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپ، سۈسلىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ باللىرىنى قۇچاقلاپمۇ قويماستىن ئىبادەتكە ئاتلىنىپ ئاپتوماتنىڭ ئوقلىرىنى تاراقشىتىپ زىكىر قىلىۋاتقان ئىبادەتچى بوپقالغان بولسامچۇ! يەهۇدىيلارنىڭ يېقىنلىشىشىنى كۈتۈپ، يېنىمدا بىر چاڭگال، ئىككى چاڭگال ئەمەس بىر نەچچە تال خورمىدىن باشقا يېمەكلىك ساقلىماي ئۆلۈمگە تەشنا بولغان هالدا كەلگەن هامان دىنىم ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتىم ياكى اللە يولىدا ئۆلگەن بولاتتىم... جەننەتنىڭ خۇش هىدلىرىنى غەززە شاماللىرى دىماغقا ئۇرۇپ تۇرسا گوياكى ئاسمان دەرۋازىلىرى هەر تەرەپتىن ئېچىلىپ ئىسرا ۋە مىراج زېمىنىدا جەڭ كۈتۈش مەيدانلىرىدا اللە نىڭ خاس بەندىلىرىنى قارشى ئېلىشقا هازىرلانغان هالەتتە تۇرسا... ئۇياقتا بىر توپ روهلارنى پەرۋەردىگارى قوبۇل قىلىپ خۇشال ئۆرلىمەكتە... ئاۋۇ تەرەپتە يەنە بىر توپ پەرۋاز قىلماقتا...

پاھ! ئى ئىسلام مەردانلىرى! دەرهال يەڭ تۈرۈپ ئاتلىنىڭلار، ئىسلام قىزلىرى سىلەردىن ئۆتۈپ كەتمىسۇن! جەڭ مەيدانلىرى ئەبۇ مۇسئەب زەرقاۋى، ئەبۇ لەيس لىبىي، ئۆمەر هەدىد ۋە ئەمماد ئۇقلە رحمه الله قاتارلىقلارغا ئوخشاش مەردانلەرنى كۈتمەكتە. ئۇلۇغ، بۈيۈك اللە يولىدا شەهىد بولۇشنى ئارمان قىلىپ ئاتلانغايسىلەر.

نەيزە، قىلىچ زەربىسىدە ئۆلدى ياش،

كەتسە نۇسرەت ئورۇن ئالدى ئۇندىن باش.

ئوقى تۆگەپ قىلىچ سۇنماي ئۆلمىدى،

ئاڭا قويۇق، قوڭۇر قان رەڭ ئۆرلىدى.

شۇ ئۆلۈمنىڭ ئەۋرىزىدە تىك تۇرۇپ،

ئاڭا دېدى: «كېلەر، نۆۋەت تاڭ يورۇپ

مىننەتدارلىق تونلىرىغا ئورىنار،

ئەجرىمىزدىن كېپەنگە گۈل سورىلار».

— ئەبۇ دۇجانە خۇراسانى، هۇمام خەلىل ئەبۇ مەلال بەلەۋى (اللە ئۇلارغا رەهمەت قىلسۇن!)

............ ❀❀❀❀❀❀❀ ............

# پەيغەمبەر تىبابىتى بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

## پىياز (بَصَلٌ)

ئانىمىز ئائىشە رضي الله عنها دىن پىياز توغرۇلۇق سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەڭ ئاخىرقى يېگەن تامىقىدا پىياز بار ئىدى» («ئەبۇ داۋۇد» 3829- هەدىس).

«سەهىھ بۇخارى» ۋە «سەهىھ مۇسلىم»دا كەلگەن هەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدكە كىرىدىغان ئادەمنىڭ پىياز (يەنى خام پىياز) يېيىشىنى چەكلىگەن («بۇخارى» 853- ۋە «مۇسلىم» 1248- هەدىس).

پىياز ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئىسسىق. ئۇنىڭدا ئارتۇق هۆللۈك بار. سۇنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلايدۇ، ئىسسىق شامالنى هەيدەيدۇ، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرىدۇ، چىرايىنى ياخشىلايدۇ، بەلغەمنى كېسىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئاق كېسەلگە شىپا. ئۇنى باشقا سۈركەپ بەرسە چاچ چۈشۈش كېسىلىگە ناهايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. پىيازنىڭ ئۇرۇقى بىلەن تۇزنى قوشۇپ سۆگەل چىققان جايغا چاپسا سۆگەلنى يوقىتىدۇ. سۈرگە دورا ئىچكەندىن كېيىن پىياز ئۇرۇقىنى پۇرىسا كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قەي قىلىشتىن توسىدۇ ۋە ئۇ دورىنىڭ پۇرىقىنى كەتكۈزىدۇ. باش ئاغرىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئېغىر بولۇش، غوڭۇلداش، يىرىڭداپ سۇ چىقىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆز ياشاڭغىرىسا، كۆزگە سۈيى تېمىتىلىدۇ. كۆزگە ئاق چۈشسە، ئۇرۇقى بىلەن هەسەلنى قوشۇپ سۈرمە سۈرۈلىدۇ.

پىشۇرۇلغان پىيازنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، سېرىقلىق چۈشۈش كېسىلى، يۆتەل، كۆكرەك چىڭقىلىش كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەبىئەتنى يۇمشىتىدۇ. ئىتتىن باشقا هايۋان چىشلىۋالغان يەرگە پىياز، سۇزاپ[1] ۋە تۇز قوشۇپ چېپىلىدۇ. ئۇ يەنە مەقەتكە قۇيۇلسا بۇۋاسىرنىڭ ئاغزىنى ئاچىدۇ.

ئەمما ئۇنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى: ئۇ شەقىقىنى پەيدا قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. ئۇنى كۆپ يېسە ئۇنتۇغاق قىلىپ قويىدۇ، ئەقىلنى بۇزىدۇ، ئېغىزدا غەيرى پۇراق پەيدا قىلىدۇ، سۆهبەتداش ۋە پەرىشتىلەرگە ئەزىيەت بېرىدۇ. ئۇنى پىشۇرسا بۇ زەرەرلەر يوقىلىدۇ.

هەدىستە پەيغەمبەر ﷺ پىياز ۋە سامساق يېگۈچىلەرنى ئۇ ئىككىسىنى پىشۇرۇپ يېيىشكە بۇيرۇدى («مۇسلىم» 1258- هەدىس).

پىيازنىڭ پۇرىقى سۇزاپنىڭ ياپرىقىنى چايناش ئارقىلىق يوقىتىلىدۇ.

---

ئىزاهات: ① سۇزاپ — سۇزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ پەيسمان يېرىلىدۇ، يېرىلغان ياپراقچىلىرى سوقىچاق كېلىدۇ. گۈلى سېرىق، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. پۈتۈن تېنى خۇشبۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەددىنى چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە.

# جىھاد چەشمىلىرى



■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەردە، مۇجاھىدلارنىڭ 11- ئاي ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان جەڭ نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئافغانىستان مۇرتەد ئارمىيىسىدىن 574 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، 192 سى يارىلانغان. ئامېرىكا ئارمىيىسىدىن 42 نەپىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە 44 ى يارىلانغان. گېرمانىيە ئەسكىرىدىن 10 دىن ئارتۇقى ئۆلگەن ۋە 10 دىن ئارتۇقى يارىلانغان. پولشا ئەسكىرىدىن بىر نەپىرى يارىلانغان. مۇجاھىدلار ئافغانىستاننىڭ لوگار، غور ۋە بادغىس ۋىلايەتلىرىدە جەمئىي 3 دانە تىكئۇچار ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 12- ئاينىڭ 3- كۈنى رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ سوخوي 23 تىپلىق بىر دانە كۈرەشچى ئايروپىلانى ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئاۋئاماتكىغا قونۇش جەريانىدا دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ ۋەيران بولغان.

■ 12- ئاينىڭ 3- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ئورۇزگان ۋىلايىتى تىرىنكوت شەھىرىگە يېقىن جايدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. مەزكۇر ئەسكىرىي بازا مۇجاھىدلار تەرىپىدىن 2 ئايغا يېقىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، الله نىڭ ئىزنى بىلەن مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن.

■ 12- ئاينىڭ 3- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى خوجىيانى رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 12- ئاينىڭ 5- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ پايتەختى باماكوغا 300 كىلومېتىر كېلىدىغان سىفو ۋىلايىتىنىڭ ئەنىنو شەھىرىدىكى بىر تۈرمىگە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 2 نەپەر ساقچى جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە تۈرمىدىكى 100 دىن ئارتۇق مەھبۇسلارنى قۇتقۇزۇپ چىققان. كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراقلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 12- ئاينىڭ 6- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ ئەببىرا رايونىدا فىرانسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 12- ئاينىڭ 6- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئىب ۋىلايىتى دەممەت ئەدىيمە رايونىدا بىر نەپەر شىئەلەرنىڭ مەسئۇلىغا قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مەزكۇر شىئە مەسئۇلى 3 نەپەر قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 12- ئاينىڭ 7- كۈنى رۇسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى رۇس ئارمىيىسىنىڭ راتسلان غالتىسكى ئىسىملىك بىر نەپەر گېنېرالنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ گېنېرال بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ھەلەبتە مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇملاردا يارىلىنىپ كېيىن ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ گېنېرالى سىبىرىيىدىكى تانكا قىسمىنىڭ قوماندانى ئىكەن.

■ 12- ئاينىڭ 7- كۈنى ئامېرىكىنىڭ رەئىسى باراك ئوباما رەئىسلىكتىن چۈشۈش ئالدىدا سۆزلىگەن ئاخىرقى نۇتۇقلىرى ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى جەڭدە غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ: «ئامېرىكا تالىباننى مەغلۇپ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ» دېگەن.

■ 12- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى لەشكەرگاھ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى 17 نەپەر ئەسكەر مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەققە قايتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 9- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز مىسىرنىڭ غىزا شەھىرى ھەرەم رايونىدا مىسىر مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى پارتلىتىش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 2 نەپەر مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 6 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە 3 نەپىرى يارىلانغان.

■ 12- ئاينىڭ 11- كۈنى تەھرىك تالىبان مۇجاھىدلىرى ۋەزىرىستاننىڭ شابىقەدەر رايونىدا كېتىۋاتقان پاكىستان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىلىرىغا قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە كۆپلىگەن ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 12- ئاينىڭ 11- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ كېيدال شەھىرىدە تاجاۋۇزچى فرانسىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بىر دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان، ماشىنا ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 12- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى موقدىشۇدا دېڭىز پورتىغا جايلاشقان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 40 قا يېقىن ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە 50 نەپىرى يارىلانغان.

■ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە سۇرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىدىكى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە ئىران ئارمىيىسىنىڭ بىر چوڭ مەسئۇلى ۋە ھىزبۇللات ئارمىيىسىنىڭ بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 12- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى سارخورود رايونىدا مەزكۇر رايوننىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

■ 12- ئاينىڭ 12- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ بەيدا ۋىلايىتىدە بىر كۈن ئىلگىرى شىئە كۈچلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىۋېلىنغان كاسا تېغىنى شىئەلەرنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغان. بۇ قېتىملىق ھۇجۇم 12- چېسلا ئەتىگەندە باشلانغان بولۇپ، شۇ كۈنى كەچكىچە داۋاملاشقان، نەتىجىدە بىر نەپەر شىئەلەرنىڭ مەسئۇلى جەھەننەمگە ئۇزىغان، قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن.

■ 12- ئاينىڭ 14- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ رىدا ۋىلايىتىدە شىئە كاپىرلىرىغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە مەزكۇر نۇقتا مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، 3 نەپەر شىئە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، قالغانلىرى شەرمەندىلەرچە قاچقان.

■ 12- ئاينىڭ 14- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىدىكى مۇھاسىرە ئىچىدە تاغۇت قوشۇنلىرىغا قارشى ئىككى قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بىرىنچى قېتىملىق پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق پىدائىي قېرىندىشىمىز تاغۇتلارنىڭ نۇقتىلىرىغا يېقىن بارغاندىن كېيىن پىدائىيلىق ماشىنىسىنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىپ قويۇپ، الله نىڭ پەزلى بىلەن ساق-سالامەت يېنىپ چىققان، نەتىجىدە كۆپلىگەن ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 12- ئاينىڭ 14- كۈنى پەلەستىننىڭ پايتەختى ئېرۇسالىمدا بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز 2 نەپەر يەھۇدىي ئەسكىرىنى پىچاقلاپ يارىلاندۇرغان، نەتىجىدە باشقا ئەسكەرلەر بۇ قېرىندىشىمىزنى ئېتىپ شەھىد قىلىۋەتكەن.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| مُتَوَاضِعٌ | كەمتەر | ذاكَ الإِمَامُ مُتَواضِعٌ | ئاۋۇ ئىمام كەمتەر |
| مُتَواضِعُونَ | كەمتەرلەر | الرِّجَالُ العُقَلَاءُ مُتَوَاضِعُونَ | ئاقىل كىشىلەر كەمتەر |
| مَسْرُوْرٌ | خۇشال | اَنْتَ مَسْرُوْرٌ | سەن خۇشال |
| مَسْرُورُونَ | خۇشاللار | اَنْتُمْ مَسْرُوْرُونَ | سىلەر خۇشال |
| مَحْزُونٌ | غەمكىن | ذَاكَ الْمُدَرِّسُ رَجُلٌ مَحْزُونٌ | ئاۋۇ ئۇستاز غەمكىن كىشى |
| مَحْزُونُونَ | غەمكىنلەر | الرِّجَالُ الْجُهَلاءُ مَحْزُوْنُونَ | بىلىمسىز كىشىلەر غەمكىن |
| مُجْتَهِدٌ | تىرىشچان | هَذَا الْوَلَدُ مُجْتَهِدٌ | بۇ بالا تىرىشچان |
| مُجْتَهِدُوْنَ | تىرىشچانلار | نَحْنُ مُجْتَهِدُوْنَ | بىز تىرىشچان |
| كَسْلَانٌ | ھورۇن | ذَاكَ الْوَلَدُ كَسْلَانٌ | ئاۋۇ بالا ھورۇن |
| كُسَالَى | ھورۇنلار | التَّلَامِيْذُ الْكُسَالَى جُهَلَاءُ | ھورۇن شاگىرتلار بىلىمسىز |
| صَادِقٌ | راستچىل | هُوَ صَادِقٌ | ئۇ راستچىل |
| صَادِقُونَ | راستچىللار | هُمْ صَادِقُوْنَ | ئۇلار راستچىل |



## پەيغەمبىرىمىز ۋە مىسكىن ساھابە

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغاندا مەدىنىلىك بىر تىلەمچى ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ناھايىتىمۇ كەمبەغەلمىز، بىزگە ياردەم بەرگىن، — دەپتۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ﷺ ئۇنىڭدىن:

— ئۆيۈڭدە ھېچنېمەڭ يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— پەقەتلا چوڭ بىر يىپىنچىمىز بار، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۈستىمىزگە يېپىنىمىز، بىر قىسمىنى ئاستىمىزغا سېلىپ ياتىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا بىر سۇ ئىچىدىغان چۆمۈچىمىز بار، — دەپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇ نەرسىلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىن! — دەپتۇ. ئۇ ئادەم ئۆيىگە قايتىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان بىرەر كىشى يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساھابىلەردىن بىرى:

— مەن ئۇنى بىر تىللاغا ئالاي، — دەپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ:

— بىر تىللادىن ئارتۇق بېرىدىغانلار يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. باشقا بىر ساھابە:

— مەن ئىككى تىللاغا ئالاي، — دەپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ نەرسىلەرنى ئۇ ساھابىگە ئىككى تىللاغا سېتىپتۇ ۋە ئۇ تىللالارنى پېقىر ئادەمگە بېرىپ:

— بۇ تىللالارنىڭ بىرىگە ئائىلەڭدىكىلەرگە يېگۈدەك نەرسە ئال، يەنە بىرىگە بىر دانە پالتا ئېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

پېقىر ئادەم بىر ئازدىن كېيىن بىر دانە پالتىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ پالتىغا بىر ساپ بېكىتىپ بېرىپتۇ ۋە:

— سەن بېرىپ بۇ پالتا بىلەن قۇرۇق دەرەخلەردىن ئوتۇن كەسلەپ كېلىپ سات، 15 كۈندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كەل، — دەپتۇ.

بۇ پېقىر ئادەم قايتىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىنى بويىچە قىلىپتۇ ۋە 15 كۈندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ گە:

— ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلدىم. كېسىپ كەلگەن ئوتۇنلارنى سېتىپ 20 تىللاغا ئېرىشتىم. ئۇنىڭ بىر قىسمىغا يەيدىغان نەرسىلەرنى يەنە بىر قىسمىغا كىيىم-كېچەك ئالدىم، بۇنىڭ بىلەن پۇلۇم تېخىمۇ كۆپەيدى، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەر پەيغەمبەر ﷺ نى تولىمۇ سۆيۈندۈرۈپتۇ. ئۇ پېقىر ئادەمگە قاراپ:

— كۆردۈڭمۇ! ئىشلەپ ئۆز تەرىڭ بىلەن ئېرىشكەن نەرسە سەن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر، — دەپتۇ.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته